# ئۆز ئارا بىرسى-بىرسىگە ياخشى مۇئامىلىدە بولىدىغان ئەر- خوتۇنلارنىڭ مۇكاپاتى قانداق بولىدۇ؟

[ الأويغورية - ئۇيغۇرچە - uyghur ]

پەزىلەتلىك شەيخ مۇھەممەد سالىھ ئەلمۇنەججىد

تەرجىمە قىلغۇچى: ئەھمەد يۇرۇڭقاش

تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى: نىزامىددىن تەمكىنى

2013 - 1434

IslamHouse.com

# ما هو أجر إحسان الزوجين لبعضهما ؟

« باللغة الأويغورية »

فضيلة الشيخ محمد صالح المنجد

ترجمة: أحمد يوُرن قاش

مراجعة: نظام الدين تمكيني

2013 - 1434

IslamHouse.com

# ئۆز ئارا بىرسى-بىرسىگە ياخشى مۇئامىلىدە بولىدىغان ئەر- خوتۇنلارنىڭ مۇكاپاتى قانداق بولىدۇ؟

88353- نومۇرلۇق سوئال

سۇئال:

ئېرىنىڭ بەخت- سائادىتى ئۈچۈن بارلىقىنى بېغىشلايدىغان، ئۇنىڭ بۇيرۇقىغا ئىزچىل بويسۇنۇپ ئۇنى ھەم ياخشىلىقتا بۇيرۇپ يامانلىقتىن توسىدىغان، ئېرىگە ئۆزىنىڭ كىچىك بالىسىغا مۇئامىلە قىلغاندەك سۆيگۈ-مۇھەببەت بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغان، بۇ مۇئامىلە سەۋەبلىك ئۇنىڭدىن يولدىشى ئىنتايىن خۇرسەن بولىدىغان ۋە ھەرۋاقىت ئېرىنىڭ ياخشى دۇئاسىنى ئالىدىغان ئايالنىڭ ئەجرى قانداق بولىدۇ؟، شۇنىڭغا ئوخشاش ئايالىغا ھەم ياخشى مۇئامىلىدە بولىدىغان ئەرلەرنىڭ ئەجرىچۇ؟، بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

جاۋاب:

بارلىق گۈزەل مەدھىيىلەر ئاللاھ قا بولسۇن.

سىلەرنىڭ تۇرمۇشۇڭلاردىكى سۆيگۈ-مۇھەببەت ۋە بەخت- سائادەتنىڭ داۋاملىق بولۇشىنى ئاللاھ تائالادىن سورايمەن. شۇنداقلا بارلىق مۇسۇلمانلارنىڭ ئائىلە ۋە تۇرمۇشلىرى سىلەرنىڭكىگە ئوخشاش سۆيگۈ-مۇھەببەت ۋە سەمىمىيەت بىلەن تولۇشىنى ئۈمىت قىلىمەن.

سوئال سورىغۇچى سىڭلىم! مەن سىزگە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سىزگە ئوخشاش سۈپەتلەر بىلەن ياشىغان ئاياللارنىڭ ئەجرىنى بايان قىلىش توغرىسىدا بەرگەن نۇرغۇن بېشارەتلىرى بىلەن خۇش بىشارەت بېرىمەن:

ئابدۇررەھمان ئىبنى ئەۋف رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە، پەمغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «ئەگەر بىر ئايال ئۆزىنىڭ بەش ۋاخ نامىزىنى ئوقۇسا، بىر ئاي روزىسىنى تۇتسا، ئەۋرەتلىرىنى ھارامدىن ساقلىسا، ئېرىگە ئىتائەت قىلسا، قىيامەت كۈنى ئۇ ئايالغا جەننەتنىڭ قايسى ئىشىكىدىن كىرىشنى خالىسىڭىز شۇنىڭدىن كىرىڭ دېيىلىدۇ.» [ئەھمەد رىۋايىتى(1\191). شەيخ ئالبانى "سەھىھ ئەتتەرغىب" ناملىق ئەسەر 1932-ھەدىستە ھەسەن دېگەن].

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بايان قىلغان ھەدىستە پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مەن سىلەرگە ئاراڭلاردىكى جەننەتتە بولىدىغان ئەرلەردىن خەۋەر بەرمەيمۇ؟ دېۋىدى. بىز، خەۋەر بەرسىلە ئي رەسۇلۇللاھ! دېدۇق. پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام: پەيغەمبەر جەننەتتە بولىدۇ، راستچىل كىشى جەننەتتە بولىدۇ، ھەمدە ئۆزىنىڭ ئەڭ يىراق يەردىكى قېرىندىشىنى باشقا مەقسەتتىن خالى ھالدا، ئاللاھ رىزالىقىنى كۆزلەپ زىيارەت قىلغان كىشى جەننەتتە بولىدۇ، دېدى. ئۇنىڭدىن كېيىن، مەن سىلەرگە ئاراڭلاردىن جەننەتتە بولىدىغان ئاياللارنىڭ خەۋىرىنى بەرمەيمۇ؟ دېۋىدى، بىز سۆزلەپ بەرسىلە ئي رەسۇلۇللاھ دېدۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: مېھرى-

مۇھەببەتلىك، تۇغۇمچان، ئەگەر ئاچچىقى كەلسە ياكى پەرىشانلىق يەتسە ياكى ئۇنىڭغا ئېرى ئاچچىقلىسا، بۇ قولۇم سېنىڭ قولۇڭنىڭ ئۈستىدە (يەنى ساڭا ۋەدە بېرىمەنكى) مەندىن رازى بولمىغۇنچە قەدەر كىرپىكىمنى قاقمايمەن (يەنى كۆزۈمگە ئۇيقا كەلمەيدۇ) دېگۈچى ئاياللار جەننەتتە بولىدۇ، دېدى.» [تىبرانى "ئەلمۇئجەمۇل ئەۋسەت" ناملىق ئەسىرى 2-توم 206-بەتتە رىۋايەت قىلغان. شەيخ ئالبانى سەھىھ ھەدىسلەر توپلىمى 3380- ھەدىس، سەھىھ ئەتتەرغىب ناملىق ئەسىرى 1942-ھەدىستە بايان قىلغان].

ھۇسەيىن ئىبنى مۇھسىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دادىسىنىڭ ئايال بىر تۇغقىنىدىن رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئۇ ئايال پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا بىر ئىش ئۈچۈن كەلگەن ئىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ ئايالنىڭ ئىشىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئۇنىڭدىن سورىدى: ئېرىڭىز بارمۇ؟ ئۇ ئايال: ھەئە دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئېرىڭىزگە قانداقراق مۇئامىلىدە بولىسىز؟ دەپ سورىدى. ئۇ ئايال: مەن كۈچۈمنىڭ يەتكىنىچە ياخشى خىزمىتىنى قىلىمەن، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: سىز ئۆزىڭىزنىڭ يولدىشىڭىز بىلەن بولغان مۇئامىلىڭىزنىڭ ياخشى- يامانلىقىغا قاراپ بېقىڭ، چۈنكى ئۇ يولدىشىڭىز سىزنىڭ جەننىتىڭىز ياكى دەۋزىخىڭىزدۇر.» [ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى "ئەلمۇسنەد" ناملىق ئەسىرى 4-توم 341-ھەدىس].

ئەلمەناۋى يۇقىرىقى ھەدىستە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: "جەننەتكە كىرىشىڭىزدىكى سەۋەب يولدىشىڭىزنىڭ سىزدىن

رازى بولىشى، دەۋزاخقا كىرىشىڭىزدىكى سەۋەب ئۇنى نارازى قىلىشىڭىزدۇر. تۇرمۇشىڭىزدىكى مۇئامىلىنى ياخشىلاش، ئۇنىڭ بۇيرۇقلىرىغا گۇناھلار بولمايدىكەن خىلاپلىق قىلماڭ". [پەيزۇل قەدىر 3-توم 60-بەت].

ئايالىغا ياخشى مۇئامىلىدە قىلىدىغان ئەر توغرىسىدا كەلگەن خۇش بېشارەتلەر بولسا؛ پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام ئۇنىڭغا ئوخشىغان ئەرنىڭ ئىمانى جەننەتكە كىرگۈزىدىغان كامىل ئىماندۇر دەپ گۇۋاھلىق بەرگەن. بارلىق ئىنسانلارغا گۈزەل مۇئامىلىدە بولۇش ئەۋزەلدۇر.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام مۇنداق دېگەن: «مۆمىنلەرنىڭ ئىچىدە ئىمانى ئەڭ كامىلراقى ئۇلارنىڭ ئەخلاقى ئەڭ گۈزەل بولغانلىرىدۇر. سىلەرنىڭ ياخشىلىرىڭلار ئۆز ئاياللىرى ئۈچۈن ئەڭ ياخشى ئەخلاقتا بولغانلىرىڭلاردۇر.» [تىرمىزي رىۋايىتى 1162-ھەدىس. شەيخ ئالبانى سەھىھ ھەدىس دېگەن].

ھەممىنىڭ توغرىسىنى ئاللاھ بىلگۈچىدۇر.